سوننەت ۋە ھەدىس ئەھلىنىڭ ئېتىقاد ئاساسلىرى

ناسىر سوننەت قۇرەيشى
تقبله الله

1447 هـ

بسم الله الرحمن الرحيم

سۈننەت ۋە ھەدىس ئەھلىنىڭ
ئېتىقاد ئاساسلىرى

ناسىر سۈننەت قۇرەشى

ھىجرىيە 1447

ئەلا نەھجىن قەۋىيم مۇئەسسەسەسى

Ala Nahjen Qaweem

بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئاسمانلار ۋە زېمىننى ياراتقان، قاراڭغۇلۇق بىلەن نۇرنى پەيدا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر. شۇنىڭدىن كېيىن كاپىرلار رەببىگە شېرىك كەلتۈرىدۇ.

بۇ ئىلىمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئادىل ئىزباسارلارنى چىقىرىپ، بۇ ھەق ئىلىمنى ئاشقۇنلارنىڭ ئازغۇنلۇقى، باتىللارنىڭ ھىيلىلىرى ۋە نادانلارنىڭ بۇرمىلىشىدىن ساقلاپ قالغان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن.

دۇرۇت ۋە سالاملار بارلىق ئالەملەرگە رەھمەت ۋە ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ تەۋھىدىگە دەۋەتچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىزگە بولسۇن.

مەقسەتكە كەلسەك، بىلىڭلاركى، _ئاللاھ بىزگە ۋە سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن_ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولى ئۆزگەرمەيدۇ ۋە ئالماشمايدۇ. ھەقىقەتەن بۇ نۇسرەتكە ئېرىشكۈچى تائىپە كاپىرلار، دىنسىزلار ۋە بىدئەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ، قىلىچ ۋە قەلەم بىلەن زەربە بېرىپ غالىب بولغان ھالدا مەۋجۇد بولىدۇ. ئۇلارغا بۇلارمۇ ياكى ئاۋۇلارمۇ

زىيان سالالمايدۇ. تاكى ئاللاھ قىيامەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرگە ۋارىس بولغۇچە مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالادىن بىز ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىن توپلىغان بۇ ئەسەرنى قوبۇل قىلىشنى ۋە مۆمىن بەندىلىرىگە مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشنى سورايمىز. ئامىن

1_ بىز الله عز وجل دىن باشقا ئىلاھ ۋە ھەقىقى مەئبۇد يوق دەپ ئىشىنىمىز. الله تعالى نى تەۋھىد كەلىمىسى بۇيىچە تەستىقلايمىز، شىرىك ۋە ساختا ئىلاھلارنى يوققا چىقىرىمىز. شىرىكسىز، يېگانە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بىرىمىز. مانا بۇ ئېتىقاد دىنىمىزنىڭ بارچە تەرەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. دېمەك، كىم بۇ شاھادەتنى ئېيتىپ شەرتلىرىنى لازىم تۇتسا ھەقىقى ئادا قىلسا مۇسۇلمان سانىلىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ تەقەززالىرىغا زاھىرى بويسۇنۇش شەرتىنى ئادا قىلمىسا ياكى ئۇنى يوققا چىقىرىدىغان ئىسلامنى بۇزغۇچى ئامىللاردىن بىرىنى

سادىر قىلسا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇ كاپىر سانىلىدۇ.

2_ بىز الله تعالى ياراتقۇچى، باشقۇرغۇچى دەپ ئىشىنىمىز. پادىشاھلىق ئاللاھقا خاستۇر. ھەمدۇ سانالار ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھ ئەۋۋەلدۇر ۋە ئاخىردۇر، ئاشكاردۇر ۋە مەخپىيدۇر: {ئاللاھنىڭ ھېچبىر ئوخشىشى يوقتۇر ۋە ئاللاھ ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچى زاتتۇر.} بىز ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىدە چەكتىن ئاشۇرىۋەتمەيمىز. ئاللاھ ئۆچۈن كىتاپ ۋە سەھىھ سۈننەتتە كەلگەندەك ئىسىم سۈپەتلىرىنى قانداقلىقىنى سۈرۈشتۈرمەستىن، ئوخشاتماستىن،ئۆزگەرتمەستىن، يوققا چىقارماستىن تەستىقلايمىز.

3_ بىز محمد صلي الله عليه وسلم نى ئومۇميۈزلۈك مەخلۇقاتلارغا يەنى ئىنسان ۋە جىنلارغا ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ ئىشىنىمىز. محمد صلى الله عليه وسلم گە ئەگىشىش، بارچە پەرمەنلىرىغا ئىتائەت قىلىش، بارچە خەۋەرلىرىنى تەستىقلاپ تەسلىم بولۇش ۋاجىبتۇر. بىز ئاللاھ تائالانىڭ محمد صلى الله عليه

ۋسلم ھەققىدە ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزىنىڭ تەلەپ تەقەززاسىنى ئورۇنندايمىز: {ئى مۇھەممەد! رەببىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارا دەتالاش بولغان مەسىلىلەردە سەندىن ھۆكۈم سوراپ، سەن چىقىرىپ بەرگەن ھۆكۈمگە قەلبىدە ھېچقانداق سىقىلماستىن تەسلىم بولمىغىچە مۆئمىن بولالمايدۇ.} (سۈرە نىسا، 65-ئايەت)

4_ بىز ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك پەرىشتىلىرى بارلىقىغا ئىشىنىمىز. ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلمايدۇ، بۇيرۇلغىنىنى قىلىدۇ. پەرىشتىلەرنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن، ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈش كۇفۇرلىقتىندۇر.

5_ بىز، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامى، ھەرىپ ۋە مەنالىرى ئاللاھ تەرەپتىن دەپ ئىشىنىمىز. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت. ئۇ مەخلۇق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغلاش ۋاجىپ. قۇرئانغا ئەگىشىش لازىم. قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلىش پەرزدۇر.

6_ بىز ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ئەلچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىمىز. ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى ئادەم عليه السلام، ئاخىرى مۇھەممەد عليه السلامدۇر. پەيغەمبەرلەر بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان قېرىنداشلاردۇر. ئۇلار ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ تەۋھىد رىسالىتى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەندۇر.

7_ بىز سۈننەت ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋەھى دەپ ئىشىنىمىز. ئۇ سۈننەت قۇرئاننى تەپسىرلەپ بايان قىلغۇچىدۇر. سەھىھ بولغان سۈننەتلەردىن قانداق ئىنسان بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىرەر ئىنساننىڭ سۆزى ئۈچۈن ھالقىپ كەتمەيمىز ۋە چوڭ كىچىك بىدئەتلەردىن يىراق تۇرىمىز.

8_ نەبىيمىز صلي الله عليه وسلم نى ياخشى كۆرۈش پەرزدۇر ۋە ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرغۇچى ئەمەلدۇر. رسول الله نى ئۆچ كۆرۈش كاپىرلىق ۋە مۇناپىقلىقتۇر. رسول الله نى ياخشى كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئائىلە تاۋاباتلىرىنىمۇ ھەم ياخشى كۆرىمىز، ھۆرمەتلەيمىز، چەكتىن ئاشمايمىز، بۆھتان قىلمايمىز، بارچ ساھابىلەردىن ھەم رازى بولىمىز. ھەممىسى

ئادالەتلىك ئىنسانلاردۇر، ئۇلار بارىسىدا ياخشى سۆز قىلىمىز. ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. ئۇلارنى يامان كۆرۈش نىفاقتۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دەۋا دەستۇرلارنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ساقلىنىمىز. ئۇلار ياخشى زامانىنىڭ ئەۋزەل كىشىلىرىدۇر.

9_ بىز ياخشى ۋە يامان تەقدىر ئاللاھ تەرەپتىن دەپ ئىشىنىمىز. ئومۇمىيۈزلۈك خالاش، مۇتلەق ئىرادە ئاللاھقا مەنسۇپ، ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، خالىمىغىنى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىنى ياراتقۇچىدۇر . بەندىلەر ئاللاھ ئىزنى بەرگەندىن كېيىن ئۆز ئىش پائالىيەتلىرىنى تاللاش ھوقوقىغا ئىگە. ئاللاھنىڭ ھۆكۈم ۋە تەقدىرى، ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى ئادىللىقىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ.

10_ بىز قەبرە ئازابى ۋە نېئمىتىنى راست ھەقىقەت دەپ ئىشىنىمىز. ئاللاھ ئازاپقا لايىق بولغانلارنى خالىسا ئازاپلايدۇ، خالىسا ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ. بىز قەبرىدە ئىككى پەرىشتىنىڭ سوراق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بۇ ھەقتە رسول الله دىن كەلگەن ھەدىس ۋە ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى بىزنىڭ دەلىلىمىزدۇر: {ئاللاھ ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى تەۋھىد كەلىمىسىدە دۇنيا ھاياتىدا ۋە ئاخىرەتتە مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئاللاھ زالىملارنى ئازدۇرۇدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.}

11_ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىمىز. ئەمەللەر ۋە بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا توغۇرلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. ھىساب كۈنى، تارازا ۋە ھەۋزى كەۋسەر، سىرات كۆۋرۈكىگە ئىشىنىمىز. جەننەت ھەق ۋە دەۋزەخ ھەق دەپ ئىشىنىمىز.

12_ رسول الله دىن كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەردىكى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىگە ئىشىنىمىز. الله تعالى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن باشلاپ قىيامەت بولغۇچىلىك ئارىلىقتىكى ئەڭ ئېغىر پىتنە مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. پەيغەمبەر مەنھەجى ئۈستىدىكى خىلافەتنىڭ قايتا قۇرۇلىشىغا ئىشىنىمىز. ئىيسا عليه السلام نىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلغۇچى بولۇپ چۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

13_ بىز الله عزوجل نىڭ شاپائەت قىلغۇچىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئاللاھنى يەككە يىگانە دەپ ئېتىقاد قىلغۇچى كىشىلەرنى دەۋزەختىن چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. پەقەت الله ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزلىشىگە رازى بولغان كىشىنىڭ شاپائەت قىلىش ھوقوقى بولىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

14_ بىز نەبىيىمىز صلي الله عليه وسلم نىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ قىيامەت كۈنى ماختالغۇچى ماقامىغا ئىرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

15_ ئىمان بولسا سۆز، ئەمەل ۋە نىيەتتىن ئىبارەتتۇر. يەنى قەلبىنىڭ ۋە تىلىنىڭ سۆزى، قەلب ۋە تىل ۋە ئەزالارنىڭ ئەمىلىدىن ئىبارەت، ئۇلار بىر بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. قەلبتىكى ئىتىقاد قەلبىنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلىنى كۆرسىتىدۇ. قەلبىنىڭ سۆزى : قەلبتە تونۇش، بىلىش ۋە تەستىقلاشتۇر. قەلبىنىڭ ئەملى: مۇھەببەت قىلىش، قورقۇش، ئۈمىد قىلىش... قاتارلىقلاردۇر.

16_ ئىمان ئىتائەت بىلەن زىيادە بولىدۇ، مەئسىيەتلەر بىلەن كېمىيىدۇ. ئىشەنچلىك، راست

سۆزلىگۈچى رەسۇلىمىز صلى الله عليه وسلم خەۋەر بەرگەندەك، ئىماننىڭ شاخچىلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى لا اله الا الله. ئەڭ تۆۋىنى يولدىن ئەرزىيەتلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر. ئىماننىڭ شاخچىلىرى ئىچىدە ئۇ بولمىسا ئىمان پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىدىغان ئىماننىڭ ئەسلىگە تەۋەلىرى بار. مەسىلەن، تەۋھىد-لا الله الا الله، محمد رسول الله - ناماز ئوقۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان الله تعالى ۋە رسول الله صلى الله عليه وسلم ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ ئىمانى يوق بولىدۇ، دەپ سۆزلىگەن تۈرلەر.

ئىماننىڭ ۋاجىپ بولغان شاخچىلىرى بار. ئىماننىڭ ۋاجىپ بولغان تۈرلىرى يوق بولسا ئىمان كېمىيىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: زىنا قىلىش، هاراق ئىچىش، ئوغۇرلۇق قىلىش قاتارلىقلار.

17_ بىز ھېچبىر مۇۋەھھىدنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىگە قاراپ ناماز ئوقۇغان ھېچبىر كىشىنى گۇناھلىرى سەۋەبىدىن كافىر دەپ قارىمايمىز. مەسىلەن: زىنا، هاراق ئىچىش، ئوغۇرلۇق قىلىش دېگەندەك گۇناھلارنى هالال ساناپ قىلمىغانلا بولسا

كافىر دەپ قارىمايمىز. بىز ئىمان توغرىسىدا چېكىدىن ئاشقان خاۋارىجلار بىلەن سەل قارىغۇچى مۇرجىئەلەر ئارىسىدىكى ئوتتۇرھال توغرا يولنى تۇتىمىز.

18_ كۇفۇرلۇق چوڭ كۇفۇرلۇق ۋە كىچىك كۇفۇرلۇقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئېتىقاد، ياكى سۆز، ياكى ئەمەلدە كۇفۇرلۇق سادىر قىلغۇچىغا كۇفرى ھۆكۈمى چۈشىدۇ. لېكىن ئۇلاردىن مۇئەييەن بىر ئادەمنى كافىر، دەۋزەختە مەڭگۈ قالىدۇ دېيىش كافىرلىقنىڭ شەرتلىرىنى ئىسپاتلاشقا چەكلىمىلىرىنىڭ يوق بولىشىغا قاراشلىق بولىدۇ. بىز ۋەدە، ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش، كۇفۇرلۇق ۋە پاسىقلىق دېگەن سۆزلەرنى قۇرئاننىڭ تېكىستىگە ئاساسەن ئىشلىتىمىز. تاكى ئۇنىڭغا ئىتىراز بىلدۈرۈلمەيدىغان شەرتلەرنى تۇزغۇزمىغۇچە مۇئەييەن بىر ئادەمنى ئومۇمنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ ھۆكۈم قىلمايمىز. بىز گۇمان بىلەن، سۆزنىڭ ئۇرامى، ياكى لازىم قىلغان مەزمۇنىغا ئاساسەن كافىرغا چىقارمايمىز.

19_ اللہ ۋە رەسۇلى كافىرغا چىقارغانلارنى كافىر دەيمىز. ئىسلامدىن باشقا دىنغا ئەگەشكەنلەرنى ھۆججەت يەتكەن ياكى يەتمىگەن بولسۇن كاپىر دەيمىز. ئەمما ئاخىرەتتىكى ئازابى ھۆججەت يەتكەن كىشىگىلا تېگىشلىك بولىدۇ. اللہ تعالى مۇنداق دەيدۇ: {بىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ كىشىلەرنى ئازابلىمايمىز.} (سۈرە ئىسرا، 15-ئايەت).

20_ ئىككى شاھادەتنى سۆزلىگەن، بىزگە ئىسلامنى ئاشكارا قىلغان، ئىسلامنى يوققا چىقىرىدىغان ھېچبىر ئىشنى سادىر قىلمىغان كىشىلەرگە مۇسۇلمانلارغا قىلغان مۇئامىلىنى قىلىمىز، سىرلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرىمىز. دىنى پائالىيەتلىرىنى ئاشكارە قىلغان ئادەملەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكمى جارى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشىدا ئاشكارە بولغىنىغا ئاساسلىنىمىز، سىرلىرىغا ئاللاھ ئۆزى كۇپايە بولىدۇ.

21_ شىيئەلەر ۋە رافىزىلار مۇشرىك، مۇرتەد، ئۇرۇش ئېچىلغۇچى تائىپە دەپ ھېسابلايمىز.

22_ بىز ئىسلام ھۆكمى يۈرگۈزۈلمەستىن كۇفۇرنىڭ قانۇن- ھۆكۈملىرى ئۈستۈنلۈك

ئىگەللىگەن دىيارلارنى كۇفر دىيارى دەپ ھېسابلايمىز. بۇ دىيار ئاھالىلىرىنى كافىرغا چىقىرىشنى لازىم قىلمايدۇ. بىز چىكىدىن ئاشقۇچىلاردەك كىشىلەر ئەسلىدە مۇتلەق كاپىر دېمەيمىز. بەلكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇسۇلمانلارمۇ بار، كافىرلارمۇ بار.

23_ مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرەسلىك، كومىنىزىم، گۈللىنىش پارتىيىسىگە ئوخشاش بايراقلىرى ھەرخىل، مەزھەپلىرى تۈرلۈك بولغان ئىلمانىيلىق بولسا ئىسلامنى بۇزۇپ، دىندىن چىقىرىدىغان ئاشكارا كۇفۇرلۇقتۇر.

24_ بىزنىڭ دەلىل كەلتۈرۈش ئاساسىمىز سەلەف-سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى كىتاب ۋە سۈننەتتۇر. (سەلەف-سالىھلار ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىرنىڭ ئەۋزەل كىشىلىرىدۇر.)

25_ بىز ياخشى ۋە يامان ۋە ئەھۋالى ئېنىق بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىرسىنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇش جائىز دەپ قارايمىز.

26_ جىھاد قىيامەت كۈنىگىچىلىك داۋاملىشىدۇ. ئۇ ئىمامنىڭ بار بولۇش-بولماسلىقى، زولۇم -ئادالەتكە باغلىنىشلىق ئەمەس. ئىمامنىڭ بولماسلىقى جىھادنى كېچىكتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى جىھادنىڭ مەنپەئەتى كېچىكتۈرۈش بىلەن يوقاپ كېتىدۇ. جىھادنىڭ غەنىمەتلىرىنى ئۇنىڭ ئەھلى شەرىئەتتە بەلگىلىگەن رەۋىشتە تەقسىم قىلىدۇ. ھەر بىر مۆئمىن يالغۇز قالغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىش لازىم.

27_ مۇسۇلمانلارنىڭ جېنى، يۈز -ئابرويى، مېلىغا چېقىلىشنى ھارام دەپ قارايمىز. پەقەت شەرىئەتتە رۇخسەت قىلىنىغىنى ۋە رسول الله صلى الله عليه وسلم ئۇنىڭ ھاراملىقىنى بىكار قىلىۋەتكىنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

28_ ئەگەر بىرەر تاجاۋۇزچى كافىر مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلسا، شۇ ۋاقىتتا جىھاد قىلىش شەرتسىز پەرز ئەيىن بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ كافىرنىڭ تاجاۋۇزىنى بارچە ئىمكانىيەت بىلەن چېكىندۈرۈش كېرەك. ئىماندىن كېيىنكى مۇھىم

ۋەزىپە دىن ۋە دۇنيانى پاساتچىلىقتا تولدۇرىدىغان تاجاۋۇزچى دۈشمەننى چېكىندۈرۈشتۇر.

29_ مۇرتەدلەرنىڭ كۇفۇرلىقى ئىجمائىغا ئاساسەن ئەسلى كۇفۇرلۇقتىنمۇ ئېغىرراق سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇرتەدلەرگە ئۇرۇش قىلىشنى ئەسلى كافىرلارنىڭ ئالدىدا دەپ قارايمىز.

30_ كافىر ئىماملىقتا سايلانمايدۇ. ئەگەر ئىمام بىر كۇفۇر ئەمىلىنى قىلىپ قالغان بولسا ئۇنىڭ ئىماملىق ھوقوقى يوقاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ. مۇسۇلمانلارغا ئەگەر ئىمكانىيتى بولسا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى چۈشۈرىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئادىل ئىمامنى سايلاش ۋاجىپ بولىدۇ.

31_ دىننى ھىدايەتكە باشلايدىغان قۇرئان ۋە غەلبە نۇسرەتكە باشلايدىغان قىلىچ بىلەن بەرپا قىلىش كېرەك. بىزنىڭ جىھادىمىز جەڭ ئەسۋاپلىرى، پاكىت ـــھۆججەتلەر (يەنى ئىلىم بىلەن) بولىدۇ.

32_ ئىسلامدىن باشقا دىنغا چاقىرغان ياكى دىننى تەنقىدلىگەن ھەرقانداق كىشى كافىر بولۇپ كېتىدۇ.

بىزگە قارشى قورال كۆتۈرگەن ئادەم ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ھېساپلىنىدۇ.

33. بىز بۆلگۈنچىلىك ئىختىلاپنى تاشلاپ، تەۋھىدكە ۋە ئىتتىپاقلىققا چاقىرىق قىلىمىز. ئىسلامى خىلافەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بارچە تىرىشچانلىقىمىزنى چىقىرىمىز. خىلافەت قۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك مۇسۇلمانلارغا پەرز كۇفايە بولۇپ، بىر تۈركۈم جامائەت بۇ پەرزنى ئادا قىلسا قالغان مۇسۇلمانلاردىن ساقىت بولىدۇ. ئۈممەتنىڭ ئىشەنچلىك، مۇھىم كىشىلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىپ بەيئەت بېرىلگەن ئىمامغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ. ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كېتىشنى شەكسىز هارام. كىم ئىتائەتتىن چىقىپ كەتسە، ئاۋۋال دەۋەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا كەلمىسە ئۇنىڭغا ئۇرۇش قىلىنىدۇ. كىم بەيئەتسىز ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدىكەن جاھالىيەت ئۆلۈمىدە كېتىپ قالىدۇ.

34_ بىز ئىجتىھادى مەسىلىلەردە مۇسۇلماننى گۇناھكار دەپ قارىمايمىز ۋە تاشلىۋەتمەيمىز.

35_ ئۈممەتنىڭ بىرلىكى بولۇپمۇ مۇجاھىدلارنىڭ بىر بايراق ئاستىغا بىرلىشىشىنى ۋاجىپ دەپ قارايمىز.

36_ مۇسۇلمانلار بىر ئۈممەتتۇر. ئەرەپلەر ۋە ئەجەملەر بىر- بىرىدىن پەقەت ئاللاھقا بولغان تەقۋالىقى ئارقىلىقلا ئۈستۈن تۇرىدۇ. مۇسۇلمانلار جانلىرىنى قوغداشتا باراۋەر تۇرىدۇ. ئاددى مۇسۇلمانمۇ ئامانلىق بېرىش ھوقوقىغا ئىگە. بىز الله عز و جل بىزنى ئاتىغان ئىسىملاردىن چەتنەپ كەتمەيمىز.

37_ ئاللاھنىڭ دوستلىرىنى دوست تۇتۇپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىمىز. ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى دۈشمەن تۇتۇپ، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىمىز. ئىسلام ئۈممىتىدىن باشقا ھەرقانداق مىللەتنى كاپىرغا چىقىرىمىز، ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولىمىز ۋە تەرك قىلىمىز. كىتاپ - سۈننەتكە چىڭ ئېسىلىپ بىدئەت، ئازغۇنلۇق يوللىرىدىن يىراق تۇرىمىز.

38_ ئالىملىرىمىزغا ھۆرمەت، ئېھتىرام قىلىمىز. ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ھەقلىرى بارلىقىنى ئېتىراپ

قىلىمىز. بىز ئۇلارنى قەتئى گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغان كىشىلەر دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز. پۈتۈنلەي گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن پاك كىشىلەر پەقەت پەيغەمبەرلەردۇر. ئەمەلچان ئالىملار ھەقىقەتنى دەلىلى بىلەن تونۇشنىڭ ۋاستىچىلىرىدۇر. بىز ئالىملار ئۆز پىكرى بىلەن پەتىۋا بەرگەن مەسىلىلەرگە چىڭ ئېسىلىۋالمايمىز. بىز بىرەرسىنىڭ خاتالىقىغا ياكى ئىختىلاپىغا يان بېسىپ ئەگەشمەيمىز. قۇرئان ـ سۈننەتنىڭ دەلىلى ئەگىشىشكە ئەڭ لايىقتۇر. بىز ئاللاھ تەرەپتىن كەلگىنىنى قوبۇل قىلىپ شۇنىڭ بىلەن ئىبادەت قىلىمىز.

39_ بىز راستچىل، ئەمەلچان ئالىملارنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى دەپ قارايمىز. يۈز بەرگەن مەسىلىلەردە ۋە ئومۇمى ئىشلاردا ئالىملارغا مۇراجىئەت قىلىمىز. ئالىملار ئۆز ئىلمى بىلەن رىئاللىقنى كۆزدە تۇتقان ھالدا شەرىئەتكە مۇۋاپىق پەتىۋا بەرگەن بولسا، بىز ئۇنى قوبۇل قىلىمىز.

40_ غەلبە قىلغۇچى جامائەت ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەدىن تەشكىللىنىدۇ. ئۇلار ئىمامەتچىلىكنى بەرپا قىلغان، ئىلىم ۋە جىھادتا يېتەكچىلىك رولىنى

ئويناپدىغان كىشىلەردۇر. بۇلار ئىلىملىك ۋە ئەمەلچان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئىزچىل جىھاد قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنى ياردەمسىز تاشلاپ قويغان ۋە ئۇلارغا قارشى چىققانلار ئۇلارنىڭ جىھادىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرى تاكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ دەججالغا ئۇرۇش قىلىپ، ئاللاھنىڭ پەرمانى كەلگەنگە قەدەر ئۇلار ئاللاھ يولىدا سابىت قەدەم تۇرىدۇ.

جمع وترتيب/نَاصِر السُّــنُّة القرشي -تقبله الله-

توپلاپ تۈپلىگۈچى: ناسىر سۈننەت قۇرەشى -ئاللاھ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن-

والحمدُ لله ربّ العالمينَ